# جۆش کەڵدڵك، رامزاز



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئابدۇللاھ ھاجىم ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىلىمخۇمار كىشى ئىكەن، ئوغلى مەھمۇدمۇ دادىسى بىلەن بىللە بېرىپ، دەرس ئاڭلاشقا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. بۈگۈن ئۇستاز رامىزان ھارپىسىدا مۇبارەك رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە روزا تۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان كاتتا مۇكاپات ھەققىدە سۆز قىپتۇ.




مەھمۇد ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ يىل رامىزان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتۇشنى قارار قىپتۇ، دادىسى ئۇنىڭ بۇ قارارىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ، رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى مەھمۇد سوھۇرلۇقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇپتۇ، نامازدىن كېيىن كۈن چىققۇچە مەسچىتتە زىكىر-تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇرۇپتۇ.



مەھمۇد ئۆيگە قايتىپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ، مەھمۇد ئانىسىدىن دوستى ئەلىنىڭ ئۆيگە بېرىپ، رامىزان ئېيىنى تەبرىكلەپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپتۇ.



مەھمۇد ئەلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. ئەلىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەتىگەن سوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نامازمۇ ئوقۇماي تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپتۇ.



مەھمۇد ئەلىنىڭ بۇ مۇبارەك ئايدا نامازمۇ ئوقۇماي تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىپلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «روزىدار كىشى رامىزان ئېيىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، ئاتا-ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ياخشى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك، مانا بۇ رامىزان ئېيىدا مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەردۇر» دەپتۇ.

